# دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى قىلچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش، ئىنچىكە تۇتۇش كېرەك، تەستە قولغا كەلگەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتىدە تەتۈر بۇرۇلۇش كۆرۈلۈشىگە قەتئىي بولمايدۇ. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، يەرشارىۋى يۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلىش ـ مۆلچەرلەشنى كۈچەيتىپ، كىرىش خاراكتېرلىك خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرى ۋە سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، داۋاملىق چامىنىڭ يېتىشىچە ياردەم بىلەن تەمىنلەش كېرەك. چېگرا سىرتىدىكى دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىگە قارىتا يېتەكچىلىك ۋە قوللاشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نۇقتىلىق رايونلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىلمىي، دەل جايىدا ياخشى ئىشلەش كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى ۋە ۋۇخەن شەھىرى باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك. تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئېغىر ئاغرىقلارنى يۇقىرى سەۋىيەلىك بېكىتىلگەن دوختۇرخانىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ساقىيىش نىسبىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇم يوق مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ پائالىيەت بوشلۇقىنى تەرتىپلىك كېڭەيتىش كېرەك. ۋۇخەن شەھىرى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەدرىجىي ئالغا سىلجىتىشى، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى باشقا رايونلار باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى پۇختا، تەرتىپلىك ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك. خۇبېي ئۆلكىسى ئالاقىدار ئۆلكىلەر بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللىشىپ، «نۇقتىدىن نۇقتىغا، بىر كۆزنەك» شەكلىدىكى ئىش ئورنىغا قايتىدىغانلارنى توشۇش، باشقا جايلاردىن كېلىپ خۇبېيدا تۇرۇپ قالغان خادىملارنى يۇرتىغا قايتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى، خادىملار بارغان جاي تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئادىمىيەت غەمخورلۇقىنى كۈچەيتىپ، پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى قېپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. بېيجىڭ قاتارلىق باشقا نۇقتىلىق رايونلاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سانلىق مەلۇماتلاردىن ھەمبەھىرلىنىش، ئۇچۇرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش ۋە چېگرادىن كىرگەن خادىملارنى تەكشۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاۋىياتسىيە ترانسپورتى، پورت كارانتىنى، مەنزىلگە يەتكۈزۈش، مەھەللىدە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە يېپىق ھالقا شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىدىن ھەمبەھىرلىنىشنى كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ پەن تەتقىقات ئۆتكۈزۈشكە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كۆپ خىل ئامىلنىڭ تەسىرىدە، ھازىر دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى سىجىل زورىيىۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۈرۈشۈش تەرتىپىنى تېزدىن ئورنىتىپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پائال، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇم پەيدا قىلغان زىياننى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشى كېرەك. ئۆلكىنى بىرلىك قىلىپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەۋەلىكىدىكى ناھىيە، رايونلارنىڭ ھەممىسىدە خەۋپ ـ خەتەر تۆۋەن بولغان ئۆلكىلەر نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. خۇبېي، بېيجىڭدىن باشقا، ئۆلكە ئىچىدە يەنىلا خەۋپ ـ خەتەر ئوتتۇراھال ناھىيە، رايونلار بولغان ئۆلكىلەرگە قارىتا، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. خەۋپ ـ خەتەر تۆۋەن رايونلار ئارىسىدىكى ئادەم ۋە ماللارنىڭ يۆتكىلىشىدە، زۆرۈر ساغلاملىق ئىسپاتىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىش، قايتا توسالغۇ پەيدا قىلماسلىق، خادىملارغا قارىتا ئايرىۋېتىش تەدبىرى قوللانماسلىق كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش، مەبلەغ، خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشنى چۆرىدەپ، قاراتمىلىق ھالدا دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، «توسۇق نۇقتا»نى راۋانلاشتۇرۇپ، «ئۈزۈك نۇقتا»نى تولۇقلاش كېرەك. قانۇن مۇلازىمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، توختامغا ئەمەل قىلىش، كارخانا قەرزى، ئەمگەك ئىش ھەققى مۇناسىۋىتى قاتارلىق تالاش ـ تارتىشلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنى تەھلىل قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا قاراتمىلىق سىياسەت ـ تەدبىر تۈزۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تاشقى ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىغا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى بىلەن، سودا ئىشلىرى خادىملىرىنىڭ باردى ـ كەلدىسىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، خەلقئارا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ، سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىش، كۆرگەزمە ـ يىغىن مۇلازىمەت ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، تۈرلۈك ئىقتىساد سودا پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن باشلاپ، چېگرا سىرتىدىن شىنجاڭغا كېلىدىغان، شىنجاڭغا قايتىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرى ياكى چەت ئەل پۇقرالىرى چېگرا سىرتىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا بىۋاستە كىرمەكچى ياكى دۆلەت ئىچىدىكى باشقا شەھەرلەردىن ئالمىشىپ كىرمەكچى بولسا، چوقۇم بىرىنچى ۋاقىتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋوگزال، ئايرودروم قاتارلىق ئورۇنلاردىكى كارانتىن خادىملىرى ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئەينەن دوكلات قىلىشى ھەم ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، 14 كۈن مەركەزلىك ئايرىش قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە پائال ماسلىشىشى كېرەك، مۇناسىۋەتلىك چىقىمنى شەخس ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: چېگرا سىرتىدىن شىنجاڭغا كېلىدىغان، شىنجاڭغا قايتىدىغان جۇڭگو پۇقرالىرى ياكى چەت ئەل پۇقرالىرىدا ئەگەر ئايرىش مەزگىلىدە مۇناسىۋەتلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، تېزدىن شەخسىي مۇداپىئەنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك، ھەرقايسى مەركەزلىك ئايرىش نۇقتىلىرى مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە ئاپىرىپ كېسەل كۆرسىتىشى، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرتۈشى كېرەك. تەكشۈرۈش ھەققى ھەم ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، گۇمانىي ئاغرىق مىسالىنىڭ دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش ھەققى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتى بويىچە ئاتچوت قىلىنىدۇ. داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشمىغان خادىملارنىڭ داۋالىنىش ھەققى پرىنسىپ جەھەتتىن ئاغرىقلارنىڭ ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوستلىرى ھەم مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ پات ئارىدا چېگرا سىرتىدىن شىنجاڭغا كېلىش، شىنجاڭغا قايتىش ئۇچۇرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چوقۇم بىرىنچى ۋاقىتتا ئۆزى تۇرۇشلۇق ئىدارىگە ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشى، ئىدارە بىرىنچى ۋاقىتتا ئۇچۇرنى شۇ جايدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تارمىقىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك. ئۇچرىشىش تارىخى، تۇرۇش تارىخىنى يوشۇرۇپ، كېسەللىك ئەھۋالىنى يالغان مەلۇم قىلىپ ياكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياكى تارقىلىش خەۋپىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان چېگرا سىرتىدىن شىنجاڭغا كەلگەن، شىنجاڭغا قايتقان خادىملارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ھەممىسىنى ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، «تولۇقلاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق تولۇقلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ئۆلچىمى بىلەن مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشىنى باغلاش بىرلەشمە ھەرىكەت مېخانىزمىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسىدا «ئاي بويىچە ھېسابلاش، ئاي بويىچە تارقىتىش» يولغا قويۇلىدىكەن.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى مالىيە تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىپ، باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسىنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو خەلق بانكىسى تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، تەكرار قەرز پۇل، تەكرار دىسكونت، مەخسۇس تۈردىكى تەكرار قەرز پۇل قاتارلىق كۆپ خىل پۇل سىياسىتى ۋاستىسىنى قوزغاپ، يۈرۈشۈشچانلىقنى قويۇپ بېرىپ، ھەرقايسى بانكىلارنىڭ كىرېدىت تارقىتىشىنى زورايتىشىنى قوللاپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشتى. بۇ قېتىم ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىشنى يولغا قويۇش جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ پۇل سىياسىتى ۋاستىسىنى يەنە بىر قېتىم قوزغاپ، بانكىلارنىڭ كىرېدىت تارقىتىشىنى زورايتىشنى قوللاشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرى.

ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ساھەسى قەرز پۇلى دېھقانلار ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قەرز پۇلى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات نوپۇس ئىستېمال قەرز پۇلى، ئوقۇش ياردىمى قەرز پۇلى، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تىجارەت خاراكتېرلىك قەرز پۇلى، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ئاساسىي تىجارەت خاراكتېرلىك قەرز پۇلى، يەككە مۇئامىلدارلارغا بېرىلگەن ئىناۋەت 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغان كىچىك كارخانىلار قەرز پۇلى، يەككە مۇئامىلدارلارغا بېرىلگەن ئىناۋەت 10 مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولغان ئۈششاق كارخانىلار قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسى 2018 ـ يىلدىن باشلاپ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش بويىچە يىللىق باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ساھەسى قەرز پۇلىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بەلگىلىك نىسبەتكە يەتكەن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سودا بانكىلىرىغا 0.5 پىرسەنت پوئىنت ياكى 1.5 پىرسەنت پوئىنتلىق تەييارلىق فوندى نىسبىتى ئېتىبارى بەردى، باھالاش ئوبيېكتلىرى چوڭ تىپتىكى بانكىلار، پاي تۈزۈمىدىكى بانكىلار، شەھەر سودا بانكىلىرى، چوڭراق يېزا سودا بانكىلىرى ۋە چەت ئەل مەبلىغى بانكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

يېقىنقى مەزگىلدە، جۇڭگو خەلق بانكىسى 2019 ـ يىللىق باھالاشنى تاماملىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا شىنجاڭ بانكىسى، ئۈرۈمچى بانكىسى، قومۇل شەھەرلىك سودا بانكىسى، تىيانشان يېزا سودا بانكىسى، ئاقسۇ يېزا سودا بانكىسىدىن ئىبارەت جەمئىي بەش يەرلىك قانۇنىي ئىگە بانكا باھالاش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

بۇ قېتىمقى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى نىشانلىق تۆۋەنلىتىش ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى سالمىقى بىرقەدەر زور بولغان يەرلىك قانۇنىي ئىگە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم مەبلەغ مەنبەسىنى كۆپەيتىشنى قوللاپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلىسىنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى، بۇ، توغرا يۆنىلىشلىك رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى شەكىللەندۈرۈپ، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ كىرېدىت تارقىتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ۋە پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشكە پايدىلىق.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەسپىي ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)نىڭ ئاساسىي كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنىڭ ئورۇنلار تاپشۇرىدىغان ھەق قىسمىنىڭ يېرىمىنى كېمەيتىپ ئېلىشنى كۆرسەتتى؛ «كېچىكتۈرۈش» يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش مۇددىتى پرىنسىپ جەھەتتە ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش مەزگىلىدە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى سۈن جەنشۈ مۇنداق تونۇشتۇردى: كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ ۋاقتىدا نەپكە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 2 ـ ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 96 مىڭ كارخانىنىڭ 1 مىليارد 429 مىليون يۈەن ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، 44 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، 49 مىليون يۈەن ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان. 6 ـ ئايغىچە كارخانىلارنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىدىن 6 مىليارد 730 مىليون يۈەننى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش مۆلچەرلەنگەن. سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ شەخسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تەمىناتى بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتە ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىگە پائال تۈرتكە بولدى، 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە، 150 كارخانا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان مەبلەغ 428 مىليون يۈەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۈچنى نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «توسۇق نۇقتىلار»نى راۋانلاشتۇرۇپ، «ئاغرىش نۇقتىسى»نى تۈگىتىپ، «قىيىن نۇقتا»غا ھۇجۇم قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى زالىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تور ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ چوڭقۇر قوللىنىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەستىقلاشنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، مۇلازىمەتنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت، سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، كارخانا ۋە ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇش، كىشىلەر كۆڭلىنى مۇقىملاشتۇرۇشتۇر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش بىلەن بىللە، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى يۇقۇمدىن كېيىن خىزمىتىنى خاتىرجەم ئىشلەيدىغان، كەسپىنى خۇشاللىق بىلەن ئىشلەيدىغان قىلىش جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم، زور سىنىقى، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم نىشانى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئىلگىرى سۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىش ئورنى يارىتىش ۋە ھازىرقى ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆپ يول بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشى قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا قارارلار تەتقىق قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاممىۋى چوكا، ئاممىۋى قوشۇقنى ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىك كىچىك ئىشتەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمما ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش قارىشىنى يەتكۈزىدۇ، كۆپچىلىككە ئايان، ئۆز چوكىسىنى ئىشلىتىپ ئاممىۋى قاچا ـ قۇچىلاردىن تاماق ئېلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئۆزئارا قورۇما ئېلىپ بېرىش بىر خىل ساغلام بولمىغان ئادەت. تەكشۈرۈشتىن بايقىلىشىچە، بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدا، نۇرغۇن يۇقۇملانغۇچى ئوپچە غىزالىنىش ياكى قويۇق ئۇچرىشىشتىن يۇقۇملانغان.

ئاممىۋى چوكا ۋە ئاممىۋى قوشۇقنى ئىشلىتىش ھەربىرىمىزنىڭ ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە جەمئىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى نامايان قىلىدۇ. جەمئىيەت، ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ خىزمەتداشلار، دوستلار، خېرىدارلار، ھەتتا تۇنجى كۆرۈشكەن كىشىلەر بىلەن بىللە غىزالىنىش پۇرسىتىمىز بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، نۇرغۇن ۋاقىتتا، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىمىزنى ئۆزئارا بىلىپ كەتمەيمىز، ئاڭلىق ھالدا ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىش بىر ـ بىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ، شۇنداقلا بىللە ئولتۇرغان ھەممەيلەن ئۈچۈنمۇ بىر ھۆرمەت.

مەدەنىيلىك چوكا ۋە قوشۇقتا ئىپادىلىنىدۇ. بىز ھازىردىن باشلاپ، ھەممىمىز ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىپ، ھەربىرىمىز ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىشتىن باشلاپ، تاماق ئۈستىلى مەدەنىيلىكىنى يېتىلدۈرەيلى.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**